تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى  يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

بازار تەمناتى يېتەرلىك بولدى، «بۇلۇت»تا مال سېتىۋېلىش ئاسان بولدى، تېز يوللانما توختىتىلمىدى

# بۇ يەرنىڭ چاغان كەيپىياتى ئوخشاشلا قويۇق

ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش  ئىللىقلىق ئەتراپىمىزدا

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خېي خۇڭۋېي

2021 ـ يىلى كالا يىلىدىكى چاغان ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئانچە ئوخشىمىدى، «ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش» تەشەببۇس قىلىنغان ئارقا كۆرۈنۈشتە، نۇرغۇن كىشى خىزمەت قىلىۋاتقان جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشنى تاللىدى.

ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزگەندىمۇ چاغان كەيپىياتى سۇسلىشىپ قالمىدى. چاغاندىن بۇرۇنقى ئىستېمال بازىرى تەمناتى يېتەرلىكمۇ؟ چاغانلىق مال سېتىۋېلىشنىڭ قانداق يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ «سېتىۋېلىش، سېتىۋېلىش، سېتىۋېلىش»نىڭ راۋان بولۇشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىندى؟ يېقىندا، مۇخبىر چاغاندىن بۇرۇنقى بازارنى زىيارەت قىلدى.

## مال يېتەرلىك، باھامۇ مۇقىم بولدى، تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە بولدى

ئۈرۈمچى بېيىۈەنچۈن بازىرىدا، ھەر خىل كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى، ھەرقايسى يايمىلار ئالدىدا چاغانلىق مال سېتىۋالىدىغان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يايمىچىلارنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، چاغان يېقىنلاشقاندا، چاغانلىق مال سېتىۋالىدىغان خېرىدارلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن، ئۇلار كۈندە دېگۈدەك تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئالدىراش بولۇۋېتىپتۇ.

ئۈرۈمچى بېيىۈەنچۈن مېۋىچىلىك تىجارىتىنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى شۆشەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بازار يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، سودىگەرلەرنى مال مەنبەسىنى تەشكىللەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، تۈرلۈك كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولۇۋاتىدۇ.

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوستلۇق جەنۇبىي يولىغا جايلاشقان دوستلۇق تاللا بازىرىغا كەلدى، چاغانلىق مال كۆرگەزمە رايونىغا دۈيلىەن، جۇڭگو تۈگۈچى، قىزىل پانۇس، قىزىل قونچاق قاتارلىقلار لىققىدە ئېسىلغان بولۇپ، تۈرلۈك سوۋغاتلىق قۇرۇق مېۋە، سوۋغاتلىق مېۋە ـ چېۋىلەرمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇلغانىدى.

«بىز يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، تاللا بازارىغا كىرگەن ماللارغا قارىتا ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشتىن ئوبوروت، سېتىشقىچە بولغان ھالقىلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.» دوستلۇق تاللا بازىرىنىڭ دىرېكتور يارىدەمچىسى لىۋ يەنجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا سېتىش سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 120 مىڭ يۈەن ئاشتى، چاغاننىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، سېتىش سوممىسى يەنە ئاشىدۇ.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى چاغان مەزگىلىدىكى بازار تەمناتى ۋە ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، «كۆك ـ تاق»، «ئاشلىق»نىڭ يېتەرلىك، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر جاڭ شو مۇنداق بىلدۈردى: سودا تارماقلىرى بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن، بازارغا سېلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ كۆكتات، گۆش تۈرلىرى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا زاپاس ساقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، چاغاندا بازار تەمناتىنى مۇقىم قىلىدۇ.

## توردا چاغانلىق مال سېتىۋېلىش ۋاقىت ھەم كۈچنى تېجىدى

ھازىر، ھەر خىل مال سېتىۋېلىش APPلىرىنى ئاچسىڭىز، «چاغانلىق مال سېتىش بايرىمى»نىڭ چوڭ باش تېمىغا ئايلانغانلىقىنى بايقايسىز، چاغانلىق تاللاپ مال سېتىۋېلىش، بازار ئايلىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بەس ـ بەستە «تورغا چىقتى».

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «2021 ـ يىللىق شىنجاڭ توردا چاغانلىق مال سېتىش بايرىمى» 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلانغان بولۇپ، پائالىيەت 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرىمۇ چاغان مەزگىلىدە ئىشتىن توختىماسلىق ئەندىزىسىنى يولغا قويىدى.

ئاقسۇ ئالمىسى، يۈننەن بەيشياڭگوسى، سوۋغاتلىق قاتتىق پوستلۇق مېۋە... سۈنىڭ يىگوۋ APPسىدە ھەر خىل ياخشى چاغانلىق مال بار. سۈنىڭ يىگوۋدىكى تۇرمۇش ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەر، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ داڭلىق ھاراقلىرى، يېڭى مېۋە ـ چېۋىلەر، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق 200دىن ئارتۇق ئىنچىكە ئايرىلغان مەھسۇلات تۈرى پائالىيەتكە قاتناشتى.

خۇيجيا، جيالېفۇ، دوستلۇق قاتارلىق كۆپلىگەن ئەمەلىي گەۋدە تاللا بازارلار ئەسلىدە بار بولغان مال سېتىۋېلىش APPسى ياكى كىچىك پروگراممىغا تايىنىپ توردا چاغانلىق مال سېتىۋېلىش يولى ئېچىپ، خېرىدارلارنى ئۆيىدە چاغانلىق مال تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

جاڭ شو مۇنداق بىلدۈردى: ھازىرقى يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، توردا چاغانلىق مال سېتىۋېلىش بايرىمى ئالاقە تورىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرى كارخانىلىرى، سېتىش سودىگەرلىرى ۋە ئىستېمالچىلار ئۈچۈن چاغانلىق مال سودا سۇپىسى ھازىرلاپ بەردى، بۇ چاغانلىق ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ چاغانلىق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق.

## تېز يوللانما توختىتىلمىدى، چاغانلىق ماللار ئۆيلەرگىچە يەتكۈزۈلدى

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە چاغان ئۆتكۈزۈشنى تاللىغان دۇك چۈەنچېك ئازراق قۇرۇق مېۋە، نان قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىپ، ئىچكىرى رايوندىكى تۇغقانلىرىغا تېز يوللانما ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى، «بۇ يىل چاغاندا قايتىشنى ئويلاشمىغان بولساممۇ، كۆڭلۈمنى ئەۋەتتىم» دېدى ئۇ.

«‹ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش› تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، بۇ يىل تېز يوللانما ئارقىلىق يۇرتىغا چاغانلىق مال ئەۋەتىدىغان ئادەم ناھايىتى كۆپ بولدى.» شىنجاڭ شۇنفېڭ تېز يەتكۈزۈش چەكلىك شىركىتىنىڭ بازاردا سېتىش باش نازارەتچىسى خۇاڭ شياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىركەت يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، 400 دىن ئارتۇق ھەر خىل تىپتىكى ئاپتوموبىلنى كۆپەيتىپ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، چاغانلىق تېز يەتكۈزۈشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ماسلاشتى».

ئالاھىدە يىلدىكى چاغانلىق ئەشيا ئوبوروتى ھەيۋەتلىك بىر مەيدان «چاغانلىق توشۇش»قا ئايلاندى، ھەرقايسى تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرىمۇ «ئوت كۈچىنى تولۇق ئېچىپ»، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پوسۇلكىلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەشيا ئوبوروتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئاتلاندى.

جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ رايونى شۆبە شىركىتى ئەۋەتىش ئىشلىرى بۆلۈمى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش دىرېكتور ياڭ شىنخۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو پوچتا تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى كىچىك پروگراممىسىغا چىقىپ يوللانما ئېتىبار كارتىسىنى ئالغان ئىستېمالچىلارنىڭ «چاغانلىق ماللارنى ئۆيىگە ئەۋەتىشى»گە ياردەم بېرىلىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرى چاغاندا ئىش توختاتماسلىق، باھانى ئۆستۈرمەي مۇلازىمەت قىلىش ھەم توردىن مال سېتىۋېلىشتا پوچتا ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئىككىنچى كۈنى يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنى يولغا قويىدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە، دېباڭ ئەشيا ئوبوروتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 100گە يېقىن دۇكاندا كۆپ مىقدارلىق ماللارنى يۆتكەش خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۈنىڭ، جىڭدۇڭ، يۈەنتۇڭ، يۈندا، بەيشى قاتارلىق نۇرغۇن تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى كارخانىسىمۇ بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: چاغان مەزگىلىدە، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، نورمال ئەۋەتىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيمىز. ھەرقايسى تېز يەتكۈزۈش كارخانىلىرى بىردەك مەخسۇس دېزىنفېكسىيە قىلىش قوشۇنى قۇرۇپ، پوچتا يوللانمىلىرى، تېز يوللانمىلارنى ئايرىپ يۆتكەش مەركىزى، تىجارەت تور نۇقتىلىرى ۋە ئاخىرقى ئۇچتىن ئەۋەتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىدا دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پوسۇلكىلارنى قوبۇل قىلىش ـ ئەۋەتىش ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىلى ئوبلاستى:

# «بۇلۇت»تا سودىگەر چاقىرىپ، تۇنجى قەدەمنى ياخشى باشلاش

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جەزىرە نېسىپبېك

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئالدىراش دۈشەنبە، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ شۇخۇا «توردا سودىگەر چاقىرىش مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيى»دە نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلدى.

جاڭ شۇخۇا مۇنداق دېدى: «بىز ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ يىل ئىلىغا مەبلەغ سېلىش ئارزۇسى بار كارخانىلارنى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئىلىغا كېلىپ نەق مەيداندا چوڭقۇر تەكشۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، ھەمكارلىق قەدىمىنى تېزلەتتۇق».

سائەت 10دا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 2021 ـ يىللىق تۇنجى مەيدان «بۇلۇت»تا سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش پائالىيىتى «تورغا چىقىرىلدى». ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى، ئىلى مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق نۇرغۇن تارماقلار، ئورۇنلار ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر (پورت)لار بىلەن تور ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە شۆبە يىغىن مەيدانىدا مەبلەغ سالغۇچى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، كارخانىچىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجى ھەم كەسىپ سىياسىتىگە جاۋاب بەردى.

يۈننەن شىلى پاي كونترول گۇرۇھى «تورغا چىقتى»، جۇڭگو ئۆي ـ زېمىنچىلىقىدىكى 100 كۈچلۈك كارخانا، جۇڭگو مەدەنىيەت ـ ساياھەت يەر ـ مۈلۈك تىجارىتىدىكى ئون كۈچلۈك كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈننەن شىلى پاي كونترول گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدىرى گاۋ چېڭ بۇلتۇر 10 ـ ئايدا ئىلىغا بېرىپ ساياھەت قىلغان مەزگىلدە، ئىلى مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىش ئويى پەيدا بولدى. ئۇ يەرمەنكىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش قاتارلىق ئۈچ چوڭ بۆلەك پىلانىغا 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشنى، ئەۋزەل كەسىپ بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، كەسىپ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

گاۋ چېڭنىڭ پىلانى ئىلى مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ پېڭنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. ياڭ پېڭ گاۋ چېڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئىلىنىڭ ساياھەت كەسپى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ساياھەت قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىستىراھەت دەم ئېلىش ساياھىتى، ھۇزۇرلىنىش ساياھىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى، يۈننەن شىلى پاي كونترول گۇرۇھىنىڭ قاتنىشىپ، بىرلىكتە ئىلىنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ يىل ئىلى ئوبلاستى «ئىككى قورغاس، ئىككى ئىلنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ» تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىي ئىقتىساد، پورت ئىقتىسادى، ساياھەت ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش نىسبىتىنى 30%تىن ئاشۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىناۋەتلىك سودىگەرلەرگە «زەيتۇن شېخى» سۇنۇلغان «بۇلۇت» تېرمىنالىدىكى بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئىلى ئوبلاستىنىڭ 2021 ـ يىللىق تور كىرگۈزۈشى ئۈچۈن «تېزلىتىش كۇنۇپكىسى»نى باستى.

«مۇشۇنداق بىر قېتىملىق ئېھتىياج، ھەمكارلىق، تەپسىلات ئۈستىدە يۈزتۇرا سۆزلىشىدىغان توردا كۆرۈشۈش يىغىنى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا بولغان تەسىراتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى، بىز چاغاندىن كېيىن ئىلىغا كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى گاۋ چېڭ.

«بۇلۇت» سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش پائالىيىتىدە شۇ كۈنى تۆت مۇددىئا تۈرى ئىمزالاندى، ئۇلار LED پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى باغچە رايونى، ھاسىلىي بايلىق تۈرى، فوتو ئېلېكتر كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلىش، مەدەنىيەت ـ ساياھەتنى ئۈنۋېرساللاشتۇرۇش ھەم ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش قاتارلىقلار بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنما سوممىسى تەخمىنەن 3 مىليارد يۈەن بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇرلان ئەبلەمجىن ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا نەتىجىلەر ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي خۇلاسىلەنگەن، ۋەزىيەت تولۇق، دەل جايىدا تەھلىل قىلىنغان، ۋەزىپىلەر ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى دادىل زىممىگە ئېلىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھى نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان، ئىجادىي، ئەمەلىي، ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنداق دېدى: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۆتكەن بىر يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ساقلاندى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادەتتە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى. بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، ھەسسىلەپ قەدىرلەش، ھەسسىلەپ قوغداش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 100 يىللىق تولغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدۇ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، بولۇپمۇ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى، ئاساسلىق نىشانىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا ئىلىنىڭ خىزمىتىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات چوڭ ۋەزىيىتىگە قويۇپ پىلانلاش، تۈرتكە بولۇش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭىتىپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، تېغى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك گۈزەل ئىلى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانى زىچ چۆرىدىلىپ، شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپتۇ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلىرى ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، 2021 ـ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، كۆزلىمە نىشانى، نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە ئاساسلىق تەدبىرلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپتۇ. دوكلاتنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىشى توغرا، خىزمەت يۆنىلىشى ئېنىق، كونكرېت تەدبىرلىرى ئەمەلىي بولۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنداق دېدى: 2021 ـ يىلى، بىڭتۇەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق خىزمەت پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىڭتۇەننىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. نەتىجىلەرنى خۇلاسىلەش داۋامىدا تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش داۋامىدا خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش داۋامىدا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش ۋە مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆز ئارا تولۇقلىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.